1 ـ ماي ـــ قازاقىستان خەلقلىرى بىرلىكىنىڭ بايرىمى

# يېڭى ھايات

Йеңи һаят

1998 ـ ژىل 1 ـ ماي جۈمە №10 (4097)

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي ـ سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى 1970 ـ ژىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.



## ماي تەبەسسۇمى

ياشناپ كەتتى تەبەتنىڭ جامالى،
ژىل ئەركىسى كېلىپ يەنە گوزەل ماي.
كوز تارتىدۇ بولۇپ كوكۆل ئارامى،
يېشىل لىباس كىيىپ ئالغان ئىدىر ـ ساي.

باغلار ھەر خىل گۈل چېچەككە پۈركىنىپ،
گويا گوزەل قىز ھوسنىدەك ياساندى.
ئەۋ باھارنىڭ يامغۇرىدا ژۇيۇنۇپ،
دەل ـ دەرەقلەر جانانلاردەك تاراندى.

شاختىن شاخقا قونۇپ ژۇرۇپ ھەۋەستە،
نەغمە چالار قۇشلار ئەينە بەس ـ بەستە.
ژىگىت ـ قىزلار كوكۈللىرى شادىمان.
ماي گۈلىدىن تىزىپ ئاپتۇ گۈلدەستە.

قىزغىن ئەمگەك قاينىمىغا كىرىشكەن،
يەڭ تۈرۈشۇپ ئېتىز شاھى ـ دېخانلار.
ئىش ئەۋجىنىڭ نىشانى بوپ يېنىشقان،
دالالارغا نۇرلار چاچار گۈلخانلار.

ماينىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى زوقىدا،
دىللاردا خۇش سېزىلىدۇ ئەۋزەللىك.
ساڭا ئوخشاش ئورنىسكەن ھاياتتا،
مەڭگۈلۈككە تەگلىك، ھۆرلۈك، گوزەللىك.

شائىرەم باراتوۋا.

باھار ـــ 98

## تېرىلغۇ ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق ژۈرگۈزۈلمەكتە

باھار كېلىش بىلەن ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ مېھنەتكەشلىرى تېرىلغۇ ئىشلىرىغا قىزغىن كىرىشىپ كەتتى.

ئۆتكەن ژىلى 4300 گېكتار مەيدانىغا كۆزلۈك بۇغداي تەركەن ناھىيە ئەمگەكچىلىرى ئەندىلىكتە 26605 گېكتار مەيدانىدا يېزا ئېگىلىكى زىرائەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەخسىتىدە تەر توكۈۋاتىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە 400 گېكتار يازلىق بۇغداي تېرىلىپ بولغان بولسا، 5000 گېكتارغا باھالىق زىرائەت ـ كومۇقوناق تېرىش داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش ژىلى شۇنداقلا ناھىيەمىز بويىچە 200 گېكتار ئاپتاپپەرەز، 250 گېكتار ياكىۇ، 50 گېكتار قىزىلچا، 600 گېكتار كوكتات، 60 گېكتار قوغۇن ـ تاۋۇز يېتىشتۈرۈلمەكچى، بۇلاردىن تاشقىرى مال ۋاران ئۈچۈن 11135 گېكتار مەيدانىدا بىدە ئۆستۈرۈلىدۇ.

دارامەت ئۈزلۈكسىز قولغا كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنى ياخشى بىلىدىغان ناھىيەمىزدىكى «ئەمگەك»، «يولچى»، «غالجات»، «شۇكقار»، «شىرىن»، «داردامتۇ» ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش كوئوپېراتىۋلىرى بىلەن ئايرىم دېخان ئېگىلىكلىرى ئۆتكەن ژىلدىن باشلاپ ئامېرىكىنىڭ «فىلىپ ـ مورىس» كومپانىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئالمۇتا تاماكا فابرىكىسى بىلەن تۈزگەن شەرتنامە بويىچە تاماكا ئۆستۈرۈشنى قولغا ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمگىكى بوشقا كەتكىنى يوق. يەنى، ئۇلار ھەر گېكتار مەيدانىغا تېرىلگەن تاماكىغا ئەللىك مىڭ تەڭگىلىك چىقىم قىلغان ھالدا، ئىككى يۈز مىڭ تەڭگە ئەترايىدا پايدا ئېلىشقا ئېرىشكەن. ئەمگەكنىڭ ھالاۋىتىنى كورگەن ناھىيە مېھنەتكەشلىرى بۇ ژىل مەزكۇر زىرائەتنىڭ مەيدانىنى 200 گېكتاردىن ئاشۇرۇشنى كوزلەۋاتىدۇ. بۇ كوپلىگەن ئاھالىنىڭ ئىش بىلەن تەمىنلىنىشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرماقتا.

تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ ئاساسى كۈچى تېخنىكىغا باغلىق ئېكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەينى كۈنلەردە ھەر بىر ئېگىلىك ئۆز كۈچىگە تايىنىپ رېمونتتىن چىقارغان 601 ھەر خىل ماركىلىق تراكتور، 103 سېيالكا، 127 سوقا بىلەن 95 تىرنا ئاگرېگاتلىرى تېرىم ئىشلىرىغا پائال قاتناشماقتا. بۇ ساھادا بولۇپمۇ «دوستلۇق»، «شىرىن»، «بىرلىك»، «يىلتىز»، «ئەمگەك»، «تاشتىقاراسۇ» ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش كوئوپېراتىۋلىرى ياخشى كورسەتكۈچلىرى ـ تېزۋەسۈيەتلىك ئىشلىرى بىلەن كوزگە چۈشۈۋاتىدۇ.

«كۈندىن قالدىڭ، ژىلدىن قالدىڭ» دەيدىغان ئەينى پەيتتە دېخان، مېخانىزاتورلار ئالاھىدە جانپىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ.

تۇرسۇنجان نىزاموۋ.
ئۇيغۇر ناھىيەسى.

## رەسمىي خەۋەرلەر

27 ـ ئاپرېل كۈنى پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ «قازاقىستاننىڭ مۇداپىيە ـــ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەسىلىلىرى» كورگەزمىسىنى زىيارەت قىلدى. كورگەزمە ئالمۇتىدىكى جۇمھۇرىيەت قۇراللىق كۈچلىرى ھەربىي ئاكادېمىيەسىنىڭ تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ.

***

جۇمھۇرىيىتىمىز پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ 4 ـ خەلقارا ئۇسۇل فېستىۋالىنىڭ قاتناشچىلىرىغا ۋە مېھمانلىرىغا تەبرىك سوز بىلەن مۇراجەت قىلدى.

***

27 ـ ئاپرېل كۈنى ئالمۇتىدا مەملىكەت تىجارەتچىلىرىنىڭ 6 ـ فورۇمى دائىرىسىدە تىجارەتچىلىكنىڭ بارلىق تۈرلىرى ۋەكىللىرىنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ئوتتى. ئۇنىڭغا ھوكۈمەت ئەزالىرى، بىر قاتار ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى، ۋىلايەت ھاكىملىرىنىڭ ئورۇنباسارلىرى، چەت ئەل دىپلوماتلىرى، چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

***

27 ـ ئاپرېل كۈنى قازاقىستان خەلق بىرلىكى پارتىيەسى قازاقىستان پرېزىدېنتى يېڭى ــمىكى ستراتېگىيەلىك تەتقىقاتلار ئىنستىتۇتى سىياسىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن بىرلىكتە «دولەت ۋە سىياسىي پارتىيەلەر، تارىخ ۋە ھازىرقى زامان» ئىلمىي ـ ئەمەلىي كونفېرېنسىيەسىنى ئوتكۈزدى.

***

ئىنۋېستىتسىيەلەر بويىچە دولەت كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي دىرېكتورى ئا. سەيدېنوۋ رەھبەرلىكىدىكى قازاقىستان ۋەكىللەر ئومىكى «قازاقىستاننىڭ نېفت ۋە گاز رېسۇرسلىرى: ئۇلارنى ئەتىجدارلىق پايدىلىنىش ستراتېگىيەسى» خەلقارا كونفېرېنسىيەسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن لوندونغا ژۈرۈپ كەتتى.

***

29 ـ ئاپرېل كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى مەجلىسىنىڭ نوۋەتتىكى باش قوشۇشى بولۇپ ئوتتى.

***

28 ـ ئاپرېل كۈنى پارلامېنت مەجلىسىنىڭ رەئىسى مارات ئوسپانوۋ ئا ق ش نىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئەلچىسى ئېلىزابېت جونۇسنى ئىلتىماسى بويىچە قوبۇل قىلدى.

***

جۇمھۇرىيەت تاشقى ئىشلار مىنىسترى قاسىم جومارت توقايېۋ روسسىيە ئەلچىسى ۋالېرىي نىكولايېنكونى قوبۇل قىلدى. سوھبەت ۋاقتىدا بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

***

قازاقىستان ھوكۈمىتى مەملىكەت پايتەختى ئاقمولا شەھىرىنىڭ يېڭى پايتەختى باش پىلانىنىڭ ئېسكىز ئىدېيەسىگە ئۈچۈق خەلقارا كونكۇرس ئېلان قىلدى.

***

باش مىنىسترنىڭ ئورۇنباسارى ژ. كەرىبجانوۋ يېزا ئېگىلىكىنىڭ بۈگۈنكى مۇئەممالىرى ھەققىدە ۋىلايەت ھاكىملىرىنىڭ ئورۇنباسارلىرى بىلەن كېڭەشمە ئوتكۈزدى.

***

جۇمھۇرىيەت تاشقى ئىشلار مىنىسترى ق. توقايېۋ كاتار دولىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىسترى شېيخ خامىد بىن جەسىم ئەل تانى بىلەن ئۇچراشتى.

***

ئاقمولىدا جۇمھۇرىيەت ۋىلايەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت كۈنلىرى بولۇپ ئوتتى.

***

ئاقمولىدا 1999 ـ ژىلى ئوتكۈزۈلىدىغان ئاھالىنى روېخەتكە ئېلىش كومىسسىيەسىنىڭ نوۋەتتىكى مەجلىسى بولۇپ ئوتتى. ئۇنى جۇمھۇرىيىتىمىز پرېزىدېنتى مەمۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى، كومىسسىيە رەئىسى ئا. ئېسىموۋ ئوتكۈزدى.

